# ئاپتونوم رايون قۇربان ھېيتلىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋەتەن بىلەن تەڭ ئۆسۈپ يېتىلدى، تەڭ ئىلگىرىلىدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. يېڭى دەۋرگە كىرگەندىن كېيىن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىدى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي چوڭ ۋەزىيىتى ئىناق، مۇقىم بولدى، ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى، مەدەنىيەت ئىشلىرى گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سىجىل ياخشىلاندى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۈنسېرى ياخشىلاندى، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، يېڭى كەيپىيات نامايان قىلىندى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، سەممىي غەمخورلۇقىنىڭ نەتىجىسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنىڭ يول باشلاپ يۆنىلىشنى بەلگىلەپ، ئىلمىي يېتەكلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمى، زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا بۇنىڭغا ھەرقايسى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلار ۋە يولداشلار، دوستلارنىڭ يۈرەك قېنى ۋە قان ـ تەرى مۇجەسسەملەنگەن. بىز تەستە قولغا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەت، ياخشى ئەھۋالنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ئىرادىنى ساقلاپ، داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى تىرىشىپ پۈتۈپ چىقىشىمىز كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ تەقدىرى باشتىن ـ ئاخىر ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق ـ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاقتىن گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقى، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىشىمىز كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى نەيىم ياسىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى، ھاۋا ئارمىيەنىڭ ئۈرۈمچى بازىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئۈرۈمچىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى قىسمەن پېشقەدەم يولداشلار چاي سۆھبىتىگە قاتناشتى.

ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، قىسمەن پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋەكىللىرى، پەن ـ مائارىپ ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە ـ تەنتەربىيە سىستېمىسىدىكى ۋەكىللەر، دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار كوللېكتىپلار ۋەكىللىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخسلەر ۋە كوللېكتىپلار ۋەكىللىرى، ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىلىرى ۋە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى ھەمدە قەھرىمان نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى قاتارلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى چاي سۆھبىتىگە قاتناشتى.

چاي سۆھبىتىدە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنلىدى.

# تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى.

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، دىققەتنى ئاپتونوم رايون رەتلەپ چىققان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزى مەسئۇل ساھەگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئامما بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى كۈچەپ تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۇختا، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش باش تېمىسى، پىكىر ئالماشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى چۆرىدەپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، قاراتمىلىقى بار چارە، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈردۇق، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق، ھەر مىللەت ئاممىغا بولغان سەممىي، چىن ھېسسىياتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق، باش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىزنى كۈچەيتتۇق. ھەقىقىي تۈردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان كونكرېت تەدبىرگە ئايلاندۇرۇپ، ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا قانات يايدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر خۇلاسە سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى پۇرسەت بىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆزئارا ئىلھام بېرىپ، مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بايقالغان مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماي، يوشۇرماي، باش تارتماي، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، كادىرلار ۋە ئاممىغا تېزدىن ئۈنۈمنى كۆرسىتىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، ئىجتىمائىي چوڭ ۋەزىيەتنىڭ سىجىل ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات خىزمىتىنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش خىزمىتىنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىش كېرەك؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئورتاق ھالدا ۋەتەننىڭ چېگراسىنى قوغدىشىغا، گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ دىنلار ئىناقلىقى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى توغرا ئېتىقاد تۇرغۇزۇش، ئەسەبىيلىكنى توسۇشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەش كېرەك؛ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، ھەقىقىي تۈردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كونكرېت تەدبىرگە، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەتكە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

# مەسىلە تېپىپ، تۈزىتىشنى تۇتۇپ يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىگە قاتتىق ئاساسلىنىپ، دىققەتنى ئاپتونوم رايون رەتلەپ چىققان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزى مەسئۇل ساھەگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئاڭلاپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ تېپىپ چىقىپ ھەل قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۇختا، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا بايقالغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە ئەمەلىي ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ، مەسىلىنىڭ مەنبەسىنى تەھلىل قىلىپ، ھەل قىلىش تەپەككۇر يولىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى كونكرېت تەدبىرگە ئايلاندۇردى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: بۈگۈنكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش مەقسىتىگە يەتتۇق، بۇ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق، خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا پايدىلىق.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى ياخشى تۇتۇشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ يولنى پۇختا ئىگىلەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، چوڭقۇرلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئېنىقلاپ، پەرقلەرنى توغرا تېپىپ، ئېغىشنى تۈزىتىپ، يۆنىلىشنى توغرىلاش، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش، سەۋىيەنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سېلىش كېرەك.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەقىقىي تۈردە مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، مەنبەسىنى چوڭقۇر قېزىپ، تېگى ـ تەكتىدىن ئانالىز قىلىش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىنىڭ تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، دەرھال تەكشۈرۈپ دەرھال تۈزىتىش، بەلگىلەنگەن ھامان تۈزىتىش، ھەقىقىي تۈزىتىش، ئەمەلىي تۈزىتىش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەخسۇس تۈزىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئۆگىنىشتە قايتا ئويلانغان مەسىلىلەر، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بايقالغان مەسىلىلەر، تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشتە تېپىپ چىقىلغان مەسىلىلەر، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەر قاتارلىقلارنى تىزىملىك تۇرغۇزۇپ، تۈرمۇتۈر تۈزىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يوڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دوڭ شىڭۋاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل يىغىنغا قاتناشتى.

# ئۈرۈمچى ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپ تۈرىدىن 114 تۈرنى ئەمەلىيلەشتۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

فۇكې نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسى ئۈرۈمچىنىڭ تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنىڭ بىر ئىخچام كۆرۈنۈشى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى(شەھەرلىك چوڭ سانلىق مەلۇمات تەرەققىيات ئىدارىسى) تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە: بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۈرۈمچى سانائەت سېلىنمىسى تۈرىدىن 414 تۈرنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپ تۈرى 114 تۈر بولۇپ، جەمئىي 144 مىليارد 280 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، 414 نۇقتىلىق تۈرگە سېلىش پىلانلانغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %66نى ئىگىلىگەن. ئىلغار جابدۇق ياسىمىچىلىقى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال، ئەقىل ـ پاراسەت ئارقىلىق خەتەردىن ساقلىنىش، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر يېتىلىش داۋامىدا زورىيىپ، ئۈرۈمچى ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە ئايلانغان.

جۇڭچې رېلىسلىق قاتنىشى، گۇاڭچې يولۇچىلار ئاپتوموبىلى(يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، جولاڭ توقۇمىچىلىق ماشىنىسى... ئۈرۈمچىدە، جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر بىر مەيدان سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۆزگىرىشىنى قوزغاتماقتا. 2018 ـ يىلى، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەردە ئىشقا ئاشۇرۇلغان قوشۇلما قىممەت 8 مىليارد 426 مىليون يۈەن بولدى.

ھالبۇكى، ئون نەچچە يىل ئىلگىرى، ئۈرۈمچىنىڭ يۇقىرى ئاشۇرما قىممەتلىك، يېشىل تۆۋەن كاربونلۇق، خەلقئارا رىقابەت كۈچىگە ئىگە كەسىپلىرىنىڭ نىسبىتى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇپ، تەرەققىيات زاپاس كۈچى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات يېڭى نورمال ھالەتكە كىرگەندىن كېيىن، تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئالماشتۇرۇش ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر تۈرلۈك جىددىي تېمىغا ئايلاندى، ئۈرۈمچى تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سانائەت ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتىكى 17 تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرى» «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سانائەت تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى(2020 ـــ 2018 يىل)»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جەريانىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش، ئامىل كاپالىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشنى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ تاللاشقا ئۆزگەرتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تور يېيىشنى كەسىپ بويىچە سودىگەر چاقىرىشقا ئۆزگەرتىپ، ئىلغار جابدۇق ياسىمىچىلىقى، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال كەسپىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئىگىلىك تىكلەيدىغان كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلار باغچىسى، جابدۇق ياسىمىچىلىقى يۈرۈشلۈك كەسىپلەر باغچىسى قاتارلىق 14 سانائەت كەسپى توپلانغان رايون قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق تەرەققىيات سۈپىتى يۇقىرى بولماسلىق، ئەمەلىي ئىقتىساد، بولۇپمۇ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنىڭ تىرەكلىك رولى كۆرۈنەرلىك بولماسلىقتەك قىيىن ۋەزىيەتنى بۆسۈپ تاشلىدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى(شەھەرلىك چوڭ سانلىق مەلۇمات تەرەققىيات ئىدارىسى)نىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى نىڭ مۇنداق بىلدۈردى: «بۇ يىل، بىز داۋاملىق تۈردە ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى سىياسەت جەھەتتىن يېتەكلەيمىز، ئىلھام بېرىمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر سېلىنما فوندى تەسىس قىلىپ، ئىلغار جابدۇق ياسىمىچىلىقى، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەۋزەل كارخانىلارنىڭ زورىيىشىنى نۇقتىلىق قوللايمىز».